# سەدىقىلەرنىڭ ئەۋزىلى ئاللاھنىڭ يولىدا تىككەن چېدىرنىڭ سايىسى، ئاللاھنىڭ يولىدا خىزمەتچى بېرىش ياكى ئاللاھ يولىدا قورامىغا يەتكەن بىر تۆگە بېرىش

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «سەدىقىلەرنىڭ ئەۋزىلى ئاللاھ يولىدا تىككەن چېدىرنىڭ سايىسى، ئاللاھ يولىدا خىزمەتچى بېرىش ياكى ئاللاھ يولىدا قورامىغا يەتكەن تۆگە بېرىش» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى

ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)]]
[[تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئىنسان سەدىقە قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئاللاھ يولىدا تىكىلگەن چېدىرنىڭ سايىسى ياكى ئاللاھ يولىدا چىققان كىشىگە خىزمەت قىلىش، ياكى يارامىلىق بىر تۆگە بېرىشتىن ئىبارەت، بۇ ئاللاھ يولىدا چىققان مۇجاھىتلارغا بېرىلسۇن ياكى باشقا ئېهتىياجلىق كىشىلەرگە بېرىلسۇن، ھەممىسى ئاللاھ يولىدا بېرىلگەن بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئەۋزەل بولۇشى شۇ زاماندا كىشىلەرنىڭ شۇ نەرسىلەرگە ئەڭ ئېهتىياجلىق بولغانلىقىدىندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كىشىلەرنى شۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرگەن. ئەمما ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇ نەرسىلەرگە كىشىلەرنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ ياكى بولسىمۇ ئاز بولىدۇ، ھۆكۈم كۆپىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ ھەدىس ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسكە ئوخشايدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئى ئائىشە! خورما يوق ئۆيدىكى كىشىلەر ئاچ ئولتۇرىدۇ» دېگەن، مۇسلىم رىۋايىتى. شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا، خورما شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ۋە خورمىنى يېمەكلىك قىلىدىغان باشقا كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى ھېسابلىناتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3568